# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

(20)



ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۇچقۇنجان ئۆمەر
رەسىمىنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

**20**



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

پىلانلىغۇچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: تۇرغۇن تۇنىياز، ھۆرىيەت نىياز

مەسئۇل كوررېكتورى: ھۆرىيەت نىياز

گۈزەل سەنئەت مۇھەررىرى: ئازات بارات

قايتا تەكشۈرگۈچى: تۇرغۇن تۇنىياز

تەكشۈرۈپ بېكىتكۈچى: ياسىن ئوبۇلقاسىم

باسما مەسئۇلى: ليۇ ۋېييۇ

# سەلەي چاققان لەتىپىلىرى (20)

(رەسىملىك نۇسخىسى)

لەتىپىلەرنى رەتلىگۈچى: ئۈچقۇنجان ئۆمەر

رەسىمنى سىزغۇچى: ئادىلجان ئابلىز

---

نەشر قىلغۇچى: شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى ئىقتىساد-تېخنىكا تەرەققىيات رايونى پەن-تېخنىكا باغچە يولى 5-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 830026

تارقاتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى

تور دۇكىنى: داڭ داڭ، جىڭدۇڭ، ئامازون، تاۋباۋ، تيەنماۋ، دۇدۇ، تاۋباۋ . شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى

بەت ياسىغۇچى: شىنجاڭ «ئوقۇ» سەرخىل كىتابلار تور نەشرىياتچىلىقى چەكلىك شىركىتى رەقەملىك مەتبەئە مەركىزى

باسقۇچى: شىنجاڭ شىنخۇا خۇالۇڭ مەتبەئەچىلىك چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى

فورماتى: 1092 × 787 مىللىمېتىر، 1/16

ئومۇمىي باسما تاۋىقى: 30

نەشرى: 2015 ـ يىلى 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى

بېسىلىشى: 2016 ـ يىلى 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى

كىتاب نومۇرى: ISBN 978 - 7 - 5469 - 7808 - 6

ئومۇمىي باھاسى: 100.00 يۈەن (جەمئىي 10 كىتاب)

---

تور نەشرى: دۇدۇ تورى (www.dudu-book365.com)

تور كىتابخانىسى: تاۋباۋ تورى، شىنجاڭ ساياھەت كىتابخانىسى (http://shop67841187.taobao.com)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

# كىرىش سۆز

سەلەي چاققان بىر ئۇلۇغ تارىخىي شەخس. ئۇيغۇر فولكـ
لورىنىڭ لەتىپە ـ چاقچاق ژانىرىدا يۇلتۇز كەبى چاقناپ تۇرغان
مىللەت بايلىقىنىڭ بىرى. ئۇ داڭلىق لەتىپىچى، قىزىقچى بوـ
لۇپلا قالماستىن، بەلكى تالانتلىق خەلق قوشاقچىسى، راۋابچى،
ئەلنەغمىچىدۇر.

سەلەي چاققان 1790 ـ يىلى قەشقەر كوناشەھەر ناھىيەسىـ
نىڭ ئوپال يېزىسىدا ناۋاي ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن. 1850 ـ
يىلى ئانا يۇرتىدا ۋاپات بولغان. سەلەي چاققان كىچىك ۋاقىتلىـ
رىدىن باشلاپ خۇش مىجەز دادىسىنىڭ ياخشى مىجەز ـ خاراكـ
تېرىنى ئوبدان ئىگىلىگەن. ئۇ پۈتكۈل ھاياتىدا نۇرغۇن يۇرتلارـ
نى كېزىپ، مۇڭلۇق راۋابىنى چېلىپ قوشاق ئېيتىپ، لەتىپىـ
لەرنى سۆزلەپ، خەلق بىلەن ئىچقويۇن ـ تاشقويۇن بولغان.
نەزەر دائىرىسىنى كېڭەيتكەن. ئەينى ۋاقىتتا ئۇيغۇر خەلقىنىڭ
ئەركىنلىك، باراۋەرلىك ۋە يېڭىلىققا تەلپۈنۈپ ئېلىپ بارغان
كۆرەشلىرى سەلەي چاققانىنىڭ خەلقپەرۋەر سەنئەتكار بولۇپ يېـ
تىلىشىگە ئاساس سالغان. ئۇ ئۆز خەلقىنىڭ پايدىسىغا كۈلۈپ،
زېيىنىغا يىغلىغان. پۈتكۈل ھاياتىدا چىرىك، كونا ھاكىمىيەتـ
نىڭ قولچوماقچىلىرىنىڭ راسا ئەدىپىنى بېرىپ، كەڭ ئەمگەكـ

چى خەلقىنىڭ قىساس ـ ئۆچلىرىنى ئېلىپ بېرىدىغان يالقۇنلۇق قوشاقچى، ئۆتكۈر لەتىپىچى، قىزىقچى سۈپىتىدە داڭ چىقارغان. سەلەي چاققان خۇش مىجەز، گەپ ـ سۆزدە ھازىر جاۋاب، ھەرىكەتتە چېۋەر، چەبدەس بولغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئۇنى «سەلەي چاققان» دەپ تەرىپلەشكەن. بۇ نام ھازىرغا قەدەر كىشىلەر ئارىسىدا ئېيتىلىپ كەلمەكتە.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ شەكلى خىلمۇخىل بولۇپ، ھەم نەسرىي شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر، ھەم نەزم ـ شېئىرىي شەكىلدە ناخشا ـ قوشاق، سۆز ئويۇنى شەكىلدە بايان قىلىنغان لەتىپىلەر بار. بۇ لەتىپىلەرنىڭ شەكلىنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، پۈتۈن لەتىپىلەردە ماھىيەتلىك بىر نۇقتا بولۇپ، ئۇيغۇر خەلق لەتىپىلىرىنىڭ تۈرلۈك ئالاھىدىلىكلىرىنى قانۇنىيەتلىك ھالدا تۈگۈن، يېشىم، يەكۈنلىرىنى نامايان قىلغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ 200 نەچچە يىلدىن بۇيان ئۆز قىممىتىنى ساقلاپ، ئۈزۈكسىز بېيىپ، ئۈزۈكسىز مۇكەممەللىشىپ، ئۈزۈكسىز كەڭ تارقىلىپ كېلىشى شۇنى ئىسپاتلىدىكى، ئۇنىڭ لەتىپىلىرىدە كەڭ تېما، ساغلام مەزمۇنغا ياندىش يۇمۇرىستىك تىل مەۋجۇت. تىل — لەتىپىنىڭ جېنى، قانىتى. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ ئۆزىگە خاس تىلى بار بولۇپ، ئۇنىڭ تىلى ئومۇمىي خەلق تىلى، پۇقرالار تىلى، ئاممىباب تىل بولۇشتەك ئەۋزەللىكى بىلەن ھەممە كىشىگە، ھەممە جايغا باب كېلىدۇ. بۇ لەتىپىلەردە ئەينى دەۋردىكى ئەمگەكچى خەلق قاتلىمىدىن

باشقا يەنە خان ـ پادىشاھ، ۋەزىر ـ ئۆلىما، ھاكىم، بەگ، باي، غوجايىن، قازى، شاڭيو، دورغا، يايى ـ پاششاپ، گەيجاڭ، ياساۋۇل ـ چېرىك قاتارلىق جەمئىيەتنىڭ ھەربىر تەبىقىلىرىنىڭ رەڭگىرويى، ئىچكى دۇنياسىنى تولۇق كۆرگىلى، ئۇلارنىڭ ئادەملىك قىممىتىنى تارازىغا سېلىپ باھالىغىلى بولىدۇ. بۇلارنى يورۇتۇشتا سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ تىلى ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان. يەنە بەزى لەتىپىلەردە قوللىنىلغان ماقال ـ تەمسىللەر، ئىدىيوملار، تېپىشماقلار ۋە ھېكمەت دۇردانىلىرى ـــ ئەقىل ـ پاراسەتلىك ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مىللىي ھېس ـ تۇيغۇسىنى كۈچلۈك سۈرەتلەپ، قەدىمىي مىللەتلەر قاتارىدىكى نوپۇزلۇق ئورنىنى دۇنيا خەلقىگە نامايان قىلىپ بەرگەن. سەلەي چاققان لەتىپىلىرىنىڭ قويۇق مىللىي پۇراق ۋە يەرلىك ئالاھىدىلىككە ئىگە بولالىغانلىقى، لەتىپە ۋەقەلىكى ۋە يەر ـ جاي ناملىرىنىڭ ساقلىنىپ بۈگۈنكى كۈنگىچە داۋاملىشىپ كېلەلىگەنلىكى، تۈزۈلۈشىدىكى ئىخچاملىق، ئېيتىشقا، يادلىۋېلىشقا، ئەستە قالدۇرۇشقا قولايلىق بولغانلىقى، بولۇپمۇ يۇمۇرىستىك تۇيغۇغا باي بولغانلىقى ـــ ئۇنىڭ خەلق ئارىسىغا كەڭ تارقىلىشىنىڭ مۇھىم بىر ئامىلىدۇر.

شۇنى ئالاھىدە كۆرسىتىپ ئۆتۈش كېرەككى، سەلەي چاققان لەتىپىلىرىدە تارىخىي، ئەقلىي، پەلسەپىۋى مەزمۇنلاردىن باشقا يېڭى دەۋر مەزمۇنىدىكى لەتىپىلەرمۇ مەلۇم سالماقنى ئىگىلەيدۇ. دەۋر چاقىنىڭ ئۈزۈكسىز ئىلگىرىلىشىگە ۋە تۈرلۈك دەۋر يېڭى-

لىقلىرىنىڭ ئۈزۈكسىز مەيدانغا كېلىشىگە ئەگىشىپ، تارىخىي ئەنئەنىۋى لەتىپىلەرنى ئاساسىي تۈۋرۈك ۋە ئاساسىي گەۋدە قىلغان ئاساستا يېڭى دەۋردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئۆزگىرىشلەرنى ئەكس ئەتتۈرگەن لەتىپىلەر كۆڭۈلىمىزنى تېخىمۇ خۇشال قىلىدۇ. بۇ لەتىپىلەر زامانغا لايىقلاشقان ھالدا توقۇلغان، تارقالغان. داڭدار سەلەي چاققاننىڭ نامى بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان. بۇ لەتىپىلەر سەلەي چاققان لەتىپىلىرىگە يېڭى تۈس ۋە يېڭى مەزمۇن قوشۇپ، نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاش جۇغلانغان ئەقىل ئابىدىسىگە ئايلانغان.

سەلەي چاققان لەتىپىلىرى بىر پۈتمەس - تۈگىمەس خەزىنىدۇر. بىز بۇ بىر يۈرۈش 10 قىسىم «سەلەي چاققان لەتىپىلىرى»نى بىر لەتىپىگە بىر رەسىم ياندىشتۇرۇپ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ھۇزۇرىغا سۇندۇق. سەلەي چاققاننىڭ پورترېتىنى يارىتىشتا داڭلىق رەسسام غازى ئەھمەد ياراتقان پورترېتتىن ئىجابىي پايدىلاندۇق. مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن سەلەي چاققانشۇناسلىق ساھەسىدە ئىزدىنىۋاتقانلار، رەسساملارنىڭ تەنقىدىي پىكىر بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز ھەم بۇ بىر يۈرۈش كىتابنى تەييارلاشقا يېقىندىن مەدەت بەرگەن بارلىق ئاق كۆڭۈل كىشىلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمىز.

# مۇندەرىجە


بىر ئايدىن كېيىن «ئەما» بولۇپ قالىدىكەنلا .............. 2

چاشقان دورىسى .................................... 4

ھەممىنى قىلغان بېشىڭنى كەسسەكمىكىن؟ .............. 6

بىر ئاش پىشىمچە تۇرسا .............................. 8

ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق ................................ 10

ئەزرائىل ئورنىغا ئىسراپىل ............................ 12

ئەمدى داداڭغا ئوخشىدىڭ .............................. 14

ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتۇڭ ............................ 16

مەن دېگەن نېگىر .................................... 18

ئەپچىل سودا ........................................ 20

پاك ـ پاكىز يەپ تۇگەتكەن ............................ 22

موردىن ئىس يېنىپ قېلىش .............................. 24

بەش گىردە نان ...................................... 26

قازاننىڭ دۇم كۆرۇنۇشى يامان .......................... 28

ئەگەر ئۇ يولمۇ تۇپتۇز بولۇپ كەتسە .................... 30

بالام ياخشى، چاقام يامان ............................ 32

دەڭنى چاقىمەن ...................................... 34

داستىخان بولمىسا، چۈشىنمۇ بولمايتتى .................. 36

باشقا قانداق ئالدايمەن .............................. 38

مەن ئارىلىشىپ باقمىغان .............................. 40

## بىر ئايدىن كېيىن «ئەما» بولۇپ قالىدىكەنلا

سەلەي چاققان تېۋىپ بولۇپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىر بىمار سەلەي چاققانغا ئۆزىنى تەكشۈرتۈش ئۈچۈن كەپتۇ.

— ھەي سەلەي ئاخۇن، نېمە سەۋەبتىندۇر، يىراقنى تازا ئېنىق كۆرەلمەيمەن، ياخشىراق قاراپ باقسىلا، — دەپتۇ بىمار.

— دېرىزىنىڭ سىرتىغا قارىسىلا، — دەپتۇ سەلەي چاققان بىمارنىڭ كۆزىنىڭ جىيەكنى قايرىپ، — بىرەر نەرسىنى كۆرەلىدىلىمۇ، قانداق؟

— مەن كۈننىلا كۆرەلىدىم.

— بەللى، ناھايىتى ياخشى، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئاللا ئۆزلىرىگە ھەممەت قىلىپ كۈن نۇرىنى كۆرسىتىپتۇ. بولمىسا يەنە بىر ئايدىن كېيىن ئەما بولۇپ قالىدىكەنلا.





www.uyghurkitap.com

# چاشقان دورىسى

سەلەي چاققان يەكەنگە بارغاندا، شەھەر ئىچىدە بىر دورا - دەرمەك ساتىدىغان دۇكان ئېچىپتۇ. بىركۈنى بىر خېرىدار ئۇنىڭدىن:

— سەلەي ئاخۇنكا، سىلى ماڭا سېتىپ بەرگەن ھېلىقى چاشقان دورىسى قانداق دورا؟ چاشقانلار دورىنى يەپ ئۆلۈش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئەكسىچە سەمرىپ كېتىۋاتىدىغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— مۇنداق ئىش، ئۇكام، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — سىز ئەنسىرىمەڭ، چاشقان دورىسىنى داۋاملىق سېتىۋېلىپ چاشقانلارغا بېرىۋېرىڭ، چاشقانلار تولۇمدەك سەمرىپ تۆشۈككە كىرەلمەي قالغاندا، مۈشۈككە يەم بولىدۇ، ئەمەسمۇ؟





# ھەممىنى قىلغان بېشىڭنى كەسسەكمىكىن؟

بىر يىلى ئوپالدا ئوغرى پەيدا بولۇپ قېلىپ، كىشىلەرگە نۇرغۇن زىيان سېلىپتۇ. سەلەي چاققان ۋە بىرمۇنچە دېھقانلار ئاشۇ ئوغرىلار بىلەن ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ ئاتامانىنى تۇتۇۋاپتۇ. قارىسا مەنسىپىدىن چۈشۈرۈۋېتىلگەن كونا بەگ ئىكەن.

— ھۇ نائەھلىي، — دەپتۇ دېھقانلار ئۇنىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ، — سېنىڭ بۇرۇنقى قىلغان - ئەتكەن زۇلۇملىرىڭ ئاز بولغاندەك، ئەمدى ئۆپكىمىزنى ئېچىمىزدىن قاقىلى تۇردۇڭمۇ؟!...

ئوغرى يېلىنىپتۇ:

— خاپا بولۇشمىسىلا، بىلمەپتىمەن، ئوغرىلىق قىلغان مۇشۇ قولۇمنى كېسىۋېتەي.

سەلەي چاققان ئۇنىڭغا:

— «بېگىم»، قارىغاندا، قولۇڭدا گۇناھ يوقتەك تۇرىدۇ، ھەممىنى قىلغان بېشىڭنى كەسسەكمىكىن؟ — دەپتۇ.

بەگنىڭ قورققىنىدىن جان - پېنى چىقىپ كېتىپتۇ.



## بىر ئاش پىشىمچە تۇرسا

سەلەي چاققان ئوردىدا ئىشلەپ يۈرگەن كۈنلەردە، ياساۋۇللار بېگى سەلەي چاققانغا ئەمىر قىپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ئوپالغا بېرىپ ئۈچ كۈن ئىچىدە قىشلاقلارنى ئارىلاپ قاۋاشلىق، سەزگۈر بىر ئىت تېپىپ كەلسىلە!

سەلەي چاققان ئەكسىچە ناھايىتى ياۋاش بىر ئىت ئەكەپتۇ.

— ئەخمەق ئادەم ئىكەنلا، — دەپتۇ ياساۋۇللار بېگى، — سىلىگە تازا قاۋايدىغان ئىت تېپىپ كەلسىلە دېسەم، نەدىكى بىر ئۆلەرمەن ئىتنى تېپىپ ئېلىپ كەلگەنلىرى نېمىسى؟

— بېگىم، كۆڭۈللىرىنى يېرىم قىلمىسىلا! — دەپتۇ سەلەي چاققان، — بۇ ئىت يانلىرىدا بىر ئاش پىشىمچە تۇرسا، سىلى ئويلىغاندىنمۇ ئالغۇر، يامان بولۇپ كېتىدۇ.





## ئۆزۈڭ بىر سۆزلەپ باق

سەلەي چاققان ئوردىدا مىرزا بولۇپ ئىشلەۋاتقان چاغلار ئىكەن. بىر كاسكاس بەگگى ئۇنىڭغا ئەرزنامە تاپشۇرۇپتۇ.

سەلەي چاققان ئەرز خەتنى تەتۈر تۇتۇپ پىچىرلاشقا باشلاپتۇ. ھەيران بولغان بەگگى:

— مىرزا جانابلىرى، خەتنى ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇمامدىلا؟ — دەپتۇ.

— ئوڭ تۇتۇپ ئوقۇسام شارىلداپ كېتىپ مەزمۇننى ئۇقالماي قالىمەن. قېنى، ئۆز ئاغزىڭ بىلەن قىسقارتىپ بىر سۆزلەپ باق. ئېيتقانلىرىڭ ئەرزىڭنىڭ مەزمۇنى بىلەن ئوخشامدۇ؟ — دەپتۇ سەلەي چاققان گەپنى كېسىپ.





# ئەزرائىل ئورنىغا ئىسراپىل

قەشقەر ئامبىلى ئۆزىنى يوقلاپ كەلگەن باي، بەگ ۋە موللىلارغا:

ــ نەغمە - ناۋا قىلدۇرۇپ بەرسەڭلار، كۆڭلۈم ئېچىلىپ تۈزۈلەرمەنمىكىن، ــ دەپ ئىشارە قىپتۇ.

ئامبالنىڭ هويلىسىدىن بىرچاغدا بىردىنلا كاناي - سۇنايلارنىڭ ئاۋازى ياڭراپ كېتىپتۇ. هەيران بولغان خالايىق ئامبالنىڭ هويلىسىغا يېقىن بارالماي، كوچىلاردا توپلىشىپ تۇرسا، سەلەي چاققان كېلىپ قاپتۇ، كىشىلەر ئۇنىڭدىن:

ــ بۇ نېمە كارامەت؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ بۈگۈن جان ئالىدىغان ئەزرائىلنىڭ ۋاقتى بولماي، ئورنىغا ئامبالنىڭ جېنىنى ئېلىش ئۈچۈن سۇنايچى ئىسراپىل كەلگەنمىش، ئۇ هاماقەت ئالىدىغىنىنى ئېلىپ كېتىۋەرمەي، ئۆز قىلىقىنى قىلىۋاتسا كېرەك. يۈرۈڭلار كېتەيلى! كۆزى قىزىرىپ تۇرغان جاللاتتىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ!





# ئەمدى داداڭغا ئوخشىدىڭ

سەلەي چاققان ئوغلىغا خەت ئۆگىتىۋېتىپ، «ئاسمان» دېگەن خەتنى يازدۇرماقچى بوپتۇ. ئۇ ئوغلىنىڭ تەپەككۇرىنى ئاشۇرماقچى بولۇپ:

— ئوغلۇم، بېشىڭنىڭ ئۈستىدە نېمە بار؟ — دەپ سوراپتۇ.

ئوغلى بىردەم ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن جاۋاب بېرىپتۇ.

— چاچ.

— چېچىڭنىڭ ئۈستىدىچۇ؟

— ئۆگزە.

— ئۆگزىنىڭ ئۈستىدىچۇ؟

— شاخ - شۇمبا.

سەلەي چاققان ئاچچىقى بىلەن جوزىنى بىر مۇشتلاپتۇ - دە:

— ئۈستۈڭدە نېمە بار؟ ئوبدان قاراپ باق! — دەپتۇ.

بالا ھودۇققىنىدىن تىترەپ كېتىپتۇ ھەم:

— يەنە، يەنە... قۇشلار ئۇچۇۋاتىدۇ.

— قۇشنىڭ ئۈستىدە نېمىلەر بار؟

— بۇلۇت.

— بۇلۇتنىڭ ئۈستىدىچۇ؟

— ئاسمان، — دەپتۇ ئوغلى ئەركىن تىنىپ.

— ھەببەللى، ئەمدى داداڭغا ئوخشىدىڭ، يازە.



# ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتۇڭ

ھەر يىلى ئورمىدىن كېيىن قوغاندا ھەزرەت سەيلىسى ناھايىتى قىزىپ كېتىدىكەن. جاي ـ جايلاردىن كەلگەن كىشىلەر شەربەت كۆل بويىدا سەگىدەپ يېتىپ كېتىدىكەن. تۇيۇقسىز بىرەيلەن:

— ۋاي خۇدايىم، قانداق قىلارمەن، پۇل قاپچۇقۇم يوقاپ كەتتى! — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— بۇرادەر، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ھەزرەت سەيلىسىدە ئىككى نەرسىنى چىڭ تۇتسىلا، يەنى پۇل قاپچۇقلىرى بىلەن ئاياللىرىنى، سىلى ماڭا قارىغاندا تەلەيلىك ئىكەنلا، ئايالىم ھازىر يېنىمدا تۇراتتى... ئۇمۇ...





# مەن دېگەن نېگىر

سەلەي چاققان بىلەن خوتۇنى ناھايىتى ئىناق ئىكەن، بىر كۈنى خوتۇنى ئۈنىڭغا:

— ھەي، بالىلارنىڭ دادىسى، مېنىڭ بىر گېپىم بار، ئۆزلىرىگە راست گەپنى دېسەم بولامدۇ؟ — دەپتۇ.

— قېنى دەڭلا.

— مېنىڭ سىلىدىن ئايرىلغۇم كەلمەيدۇ، سىلىگە قاراپ ـ قاراپ تويمايمەن، لېكىن، مەن رەڭ قارىغۇسى.

— كېرەك يوق، خوتۇن، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇنداق بولسا، مەنمۇ راست گەپنى قىلاي. مەنمۇ راۋاب چېلىپ يۈرىدىغان بىر نېگىر.





ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئەپچىل سودا

سەلەي چاققان ساتىراشلىق قىلىپ يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بېشىدا چېچى قالمىغان بىر ھۆپىگەر كىرىپ كەپتۇ ـ دە:

ــ ئەسسالامۇئەلەيكۇم، سەلەي ئاكا، ماڭا بىر ئىش قىلىپ بېرىشكە ئۇنارلىمۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

ــ جېنىم بىلەن، مەن سىلى ئۈچۈن نېمە ئىش قىلىپ بەرسەم بولىدۇ؟ ــ دەپتۇ سەلەي چاققان.

ــ سەلەي ئاكا، ماڭا چاچ كۆچۈرۈپ قويالارلىمۇ؟ ــ دەپتۇ ھېلىقى ھۆپىگەر، ــ مېنىڭ چېچىم تولىمۇ شالاڭ. ئەگەر سىلى مېنىڭ چېچىمنى كۆرۈنۈشتە بولسىمۇ ئۆزلىرىنىڭكىگە ئوخشاش قىلالىسىلا ھەم ماڭا ئازاب، ئاغرىق ھېس قىلدۇرمىسىلا، مەن سىلىگە بىر ئېشەك بېرىشكە رازى.

ــ ياق، ئېشەك بولمايدۇ، مەن ئاتقا لايىق، بىر ئات بەرسىلە.

ــ ئۇنداق بولسا دېگەنلىرىنى بېرەي.

ــ چاتاق يوق! ئەمدى ناملىرىغا تۇشلۇق ئىش قىلدىلا، ــ دەپتۇ سەلەي چاققان ھەمدە تېزلىك بىلەن ئۆزىنىڭ ۋە ئۇ كىشىنىڭ چېچىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، بىر ئاتقا ئىگە بولۇپتۇ.



# پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتكەن

پاششاپبەگ سەلەي چاققان ئاچقان ئاشخانىغا قىزىقىپ قاپتۇ. ئۇ بىر قېتىم تاماق يېگىلى كىرىپ:

ـــ سەلەي ئاخۇن، ماڭا بىر چىنە شورپا ئەكېلىپ بەرسىلە، لېكىن ئۇنىڭغا يەنە چىۋىن چۈشۈپ قالمىسۇن، تۈنۈگۈن بۇ يەردە تاماق يېگەندە، شورپىدىن بىر تال چىۋىن چىقىپ قالدى، ـــ دەپتۇ سەلەي چاققانغا.

ـــ بېگىم، ـــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ـــ بۈگۈن چىۋىن چىقىپ قالماسلىقتا كاپالەت بېرىمەن. چۈنكى بۈگۈن بىز سىلىگە يامانيار دەرياسى بويىدىن تۇتۇپ كەلگەن ياڭا توخۇ شورپىسى قىلىپ بېرىمىز.

ـــ بۇنىڭ چىۋىن بىلەن نېمە مۇناسىۋىتى بار؟ ـــ دەپتۇ پاششاپبەگ.

ـــ ئەلۋەتتە، تازا مۇناسىۋىتى بار دېسىلە، بېگىم، ـــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ـــ بىز ياڭا توخۇنى ئۆلتۈرۈشتىن بۇرۇن ئاشخانىمىزغا قويۇپ بەرگەنىدۇق. ئۇ بۇ يەردىكى چىۋىنلەرنىڭ بىرەرىنىمۇ قويماي، پاك ـ پاكىز يەپ تۈگەتكەن.





ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# موردىن ئىس يېنىپ قېلىش

بىركۈنى چۈشتىن كېيىن سەلەي چاققان ئوپالدىكى ئۈجمىلىك مەھەللىسىدە كېتىۋېتىپ، بىر دېھقاننىڭ ئىشىك ئالدىدا يالغۇز چاي ئىچىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ قاپتۇ ـ دە، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ:

ـــ بۇ يەردە يالغۇز ئولتۇرۇپسىزغۇ؟ ـــ دەپ سوراپتۇ.

ـــ ھە، سەلەي چاققان ئاكا، ـــ دەپتۇ دېھقان بىرھازادىن كېيىن زۇۋانغا كېلىپ، ـــ موردىن ئىس يېنىپ قالغانتى.

ـــ چاتاق بوپتۇغۇ، ـــ دەپتۇ سەلەي چاققان، ـــ ئوڭشىماقمۇ تەس ئەمەس، مەن بىر كۆرۈپ باقاي.

سەلەي چاققان دېھقاننىڭ جاۋابىنى كۈتمەيلا ئىشىك تۈۋىگە بېرىپ، ئىشىكنى ئاچقانىكەن، دۈمبىسىگە سۈپۈرگە تېگىپتۇ. ئارقىدىنلا بىر ئايالنىڭ: «يوقال، ھۇ قېرى لۈكچەك، بولمىسا بۇ يەردىن ئۆلۈكۈڭ چىقىدۇ!» دەپ ۋارقىرىغان ئاۋازى ئاڭلىنىپتۇ. سەلەي چاققان دەرھال كەينىگە يېنىپتۇ ـ دە، دېھقانغا قاراپ:

ـــ كېرەك يوق، بىزنىڭ ئۆيدىمۇ بەزىدە موردىن ئىس يېنىپ قالىدۇ، ـــ دەپتۇ.



www.uyghurkitap.com

# بەش گىردە نان

قەشقەرنىڭ گىردە نانلىرى گۈل چىقىرىلىپ ناھايىتى چىرايلىق يېقىلىدىغان چاغلار ئىكەن.

شەھەردە تۇرغان مەزگىلدە، سەلەي چاققان ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ، ھېيتگاھقا بېرىپ بەش گىردە نان سېتىۋالىدىكەن. بىر قېتىم مەھەللىسىدىكى بىر پىخسىق باي ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— سەلەي ئاخۇن، ھەر كۈنى بەشلا گىردە نان سېتىۋالىدىكەنلا. يا كۆپ ئەمەس، يا ئاز ئەمەس. نېمە ئۈچۈن بەشلا نان سېتىۋالىدىلا؟

— شۇنداق تەقسىر، — دەپتۇ سەلەي چاققان بۇرۇتىنى سىلاپ قويۇپ، — بەش ناننىڭ بىرىنى ئۆزۈم يەيمەن، ئىككىسىنى قەرزگە بېرىمەن، ئىككىسى بىلەن قەرز تۆلەيمەن.

— تۇزۇكرەك چۈشەندۈرسىلىچۇ، تازا بىلەلمىدىم.

— بۇنىڭ بىلەلمىگۇدەك نەرى بار؟ بىرىنى ئۆزۈم يەيمەن، ئىككىسىنى باللىرىمغا بېرىمەن، قالغان ئىككىسىنى مېنى بېقىپ چوڭ قىلغان ئاتا ـ ئانامغا ئاچىقىپ بېرىمەن ـ دە!

— يائاللا، ئەقىللىرىگە باركاللا! — دەپتۇ پىخسىق باي سەلەي چاققانغا قول قويۇپ.



# قازاننىڭ دۇم كۆرۈنۈشى يامان

سەلەي چاققان بىركۈنى كەچلىكى شەھەرگە كىرسە، كىشىلەر ئۇ يەر، بۇ يەرگە توپلىشىپ، يېڭى چىققان ئايغا قاراپ، بەس - مۇنازىرە قىلىشىۋاتقۇدەك.

شۇ ئارىدا بىر توپ كىشى سەلەي چاققاننىڭ ئالدىنى توسۇپ:

— جىمى ئادەملەر: «بۇ قېتىم ئاي دۇم چىقىپتۇ. ئاينىڭ دۇم كۆرۈنۈشى — قۇرغاقچىلىقنىڭ ئالامىتى، بۇ ناھايىتى يامان ئىش» دېيىشىدۇ، راستمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— يالغان، ئاينىڭ ھەرقانداق كۆرۈنۈشىدىن كۆرە، قازاننىڭ دۇم كۆرۈنۈشى يامان، — دەپتۇ سەلەي چاققان.





# ئەگەر ئۇ يولمۇ تۈپتۈز بولۇپ كەتسە

ئىككى نادان سۆھبەتلىشىپ ئولتۇرغانىكەن، سەلەي چاققان ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن بىر نادان:

— ھەي سەلەي ئاخۇنكا، توختىسىلا، مەھەللىمىزدىكى بىر ئەپەندى ئىلىم - پەننىڭ يولى ئەگرى - توقاي دەيدىغۇ، سىلىچە بۇ گەپ توغرىمۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

— توغرا، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان.

— ھازىر ھەممە يوللار تۈپتۈز بولۇپ كەتكەن تۇرسا، نېمە ئۈچۈن ئىلىم - پەننىڭ يولىلا ئەگرى - توقاي بولىدۇ؟ — دەپتۇ يەنە بىر نادان.

— ئەگەر ئۇ يولمۇ تۈز بولۇپ كەتسە، — دەپتۇ سەلەي چاققان، — ئۇ چاغدا نادان، سامان قورساق ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شۇ يولغا كىرىۋالامدۇ؟





# بالام ياخشى، چاقام يامان

سەلەي چاققان خىيال سۈرۈپ كېتىۋاتسا، بىر دوستى سالاملىشىپ سوراپتۇ:

— ئۆيئىچى قانداق، ئاداش؟

— ئۆيۈمنىڭ ئىچى ياخشى، تېشى يامان، تامنىڭ سۇۋاقلىرى چۈشۈپ، كېسەكلىرى كۆرۈنۈپ قالدى.

سەلەي چاققاننىڭ ئاغىنىسى، سۆزۈمنى چۈشەنمىدى، دەپ ئوچۇقراق قىلىپ سوراپتۇ:

— بالا - چاقاڭ ياخشىمۇ؟

— بالام ياخشى، چاقام يامان، — دەپتۇ سەلەي چاققان قولىدىكى يارىسىنى كۆرسىتىپ، — بىر كېلىپ لايچىلىقىمنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىپ بەرمىسەڭ بولمىدى، ئاداش.





# دەڭنى چاقىمەن

سەلەي چاققان ئاغىنىسىنىڭ ئېتىنى مىنىپ شەھەرگە كىرىپتۇ. ئۇ ئاتنى دەڭگە باغلاپ قويۇپ، سودا - سېتىق قىلغىلى چىقىپ كېتىپتۇ. ئىشنى تۈگىتىپ قايتىپ كەلسە، دەڭدە نۇرغۇن ئات باغلاقلىق تۇرغۇدەك، سەلەي چاققان قايسىسىنىڭ ئۆزى مىنىپ كەلگەن ئات ئىكەنلىكىنى پەرق ئېتەلمەي قاپتۇ. ئاخىر ئۇ دەڭنىڭ ئۆگزىسىگە چىقىپ:

— ھەي خالايىق، مەن ھازىر دەڭنى چاقىمەن، ئات - ئۇلاغلىرىڭلارنى ئېلىپ كېتىڭلار. ئاقۋەتتىگە مەن ئىگە ئەمەس، — دەپ ۋارقىراپتۇ.

كىشىلەر تەرەپ - تەرەپتىن كېلىپ ئات - ئۇلاغلىرىنى ئېلىپ چىقىپ كېتىپتۇ. دەڭدە بىرلا ئات قاپتۇ. سەلەي چاققان خۇشال بولۇپ:

— ھە، مەن مىنىپ كەلگەن ئات مۇشۇ ئوخشايدۇ، — دەپ، ئۇ ئاتنى مىنىپ چىقىپ كېتىپتۇ.





www.uyghurkitap.com

# داستىخان بولمىسا، چۈشىنىمۇ بولمايتتى

ياز كۈنلىرىدىكى بىر قېتىملىق مېھماندارچىلىقتا يۇرت چوڭلىرىدىن بىرى سەلەي چاققاننى چۈشىن قورۇشقا قويۇپتۇ.

سەلەي چاققان بۇ ئىشقا كۆڭلىدە نارازى بوپتۇ. ئۇ قانچە قورۇسىمۇ چۈشىنىلەر داستىخاندىن نېرى كەتمەپتۇ. ئاچچىقى كەلگەن سەلەي چاققان داستىخاننى تارتىپ ئېلىپلا ئوتقا تاشلاپتۇ:

— ھەي سەلەي ئاخۇن، بۇ نېمە قىلىق؟! — دەپتۇ سورۇندىكىلەر ھەيران بولۇپ.

— نېمە قىلىق بولاتتى؟ — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ سەلەي چاققان، — مۇشۇ داستىخان بولمىسا، چۈشىنىمۇ بولمايتتى.





# باشقا قانداق ئالدايمەن

سەلەي چاققان سەھراغا كېتىپ بارسا، يولدا راسا كۆرەڭ بىر گەپچى ئۇچراپ:

— سىلىنى ناھايىتى گەپچى، بىر گەپ بىلەن ھەرقانداق كىشىنى ئالداپ قويىدۇ، دەيدۇ. قېنى، مېنى بىر ئالداپ باقسىلا، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا، سىلى ئاۋۇ ئەسكى تامنىڭ ئۇستىگە چىقىپ، يىراققا بىر قاراپ باقسىلا، كېلىۋاتقان كىشىلەر بولمىسا، خاتىرجەم گەپكە چۈشەيلى.

ئۇ يۈگۈرۈپ بېرىپ تام ئۇستىگە چىقىپتۇ. ئاڭغىچە سەلەي چاققان يولىغا راۋان بوپتۇ. ئۇ كىشى سەلەي چاققانغا قاراپ:

— قېنى، مېنى ئالدىمامدىلا؟ — دەپ ۋارقىراپتۇ.

— ئۇنىڭدىن باشقا قانداق ئالدايمەن؟ — دەپ كېتىۋېرىپتۇ سەلەي چاققان.





# مەن ئارىلىشىپ باقمىغان

سەلەي چاقچاقنىڭ بويتاق مەزگىللىرى ئىكەن. دادىسى ئۇنى ئۆيلەپ قويۇش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇرۇپتۇ، ئۇ: «مېنى مەجبۇرلىماڭلار» دەپ ئۇنىماپتۇ. ئاخىر بۇ ئىش توغرۇلۇق دادا ـ بالا قىزىرىشىپ قاپتۇ. بۇنى كۆرگەن سەلەي چاقچاقنىڭ ئانىسى:

— بالام، داداڭنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، «ماقۇل» دېسەڭ بولمامدىمۇ؟ — دەپتۇ

سەلەي چاقچاق ئانىسىنى بىر تەرەپكە تارتىپ:

— ئانا، سىز بولسىڭىزمۇ مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلىشىۋالماڭ، مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرگەن قىزغا ئۆيلىنەي.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ئەمدى؟

— ئانا، مەن ئەزەلدىن سىلەرنىڭ توي ئىشىڭلارغا ئارىلىشىپ باقمىغان، — دەپتۇ سەلەي چاقچاق، — ئەمما، سىلەر نېمە دەپ مېنىڭ توي ئىشىمغا ئارىلىشىۋالىسىلەر؟





www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

漫画赛来·恰坎幽默与智慧. 11~20：维吾尔文 / 乌其洪江·玉麦尔撰文；阿迪力·阿布力孜绘画. -- 乌鲁木齐：新疆美术摄影出版社, 2015.11

ISBN 978-7-5469-7808-6

Ⅰ. ①漫… Ⅱ. ①乌… ②阿… Ⅲ. ①维吾尔族-笑话-作品集-中国-维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. ①I277.8

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2015)第 277267 号

选题策划：亚森·吾不力哈斯木
责任编辑：吐尔洪·吐尼牙孜　吾尔亚提·尼亚孜
责任校对：吾尔亚提·尼亚孜
美术编辑：阿扎提·巴拉提
责任复审：吐尔洪·吐尼牙孜
责任决审：亚森·吾不力哈斯木
责任印制：刘伟煜

书　　名　漫画赛来·恰坎幽默与智慧（20）（维吾尔文）
撰　　文　乌其洪江·玉麦尔
插　　图　阿迪力·阿布力孜
出　　版　新疆美术摄影出版社（www.xjdzyx.com）
地　　址　乌鲁木齐市经济技术开发区科技园路 5 号（邮编 830026）
发　　行　新疆维吾尔自治区新华书店
网　　购　当当网、京东商城、亚马逊、淘宝网、天猫、读读网、淘宝网·新疆旅游书店
制　　版　新疆读读精品网络出版有限公司数字印务中心
印　　刷　新疆新华华龙印务有限责任公司
开　　本　787 mm × 1092 mm　　1/16
总 印 张　30
版　　次　2015 年 11 月第 1 版
印　　次　2016 年 6 月第 1 次印刷
书　　号　ISBN 978-7-5469-7808-6
总 定 价　100.00 元（全十册）

网络出版　读读网（www.dudu-book365.com）
网络书店　淘宝网·新疆旅游书店（http://shop67841187.taobao.com）

مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى: ئازات بارات

دۆلەتلىك مىللىي يېزىقتىكى نەشر بۇيۇملىرى مەخسۇس مەبلىغىگە ئېرىشكەن تۈر

国家民族文字出版专项资金资助项目



ISBN 978-7-5469-7808-6

10.00元

总定价：100.00元（全10册）